ساۋاقداشلار، ياخشىمۇسىلەر. ھازىر دەرسنى باشلايلى. لى خۇڭ، سىز دوسكىنى سۈرتۈڭ. ۋاڭ لى، سىز دوسكىغا چىقىڭ. ئەمدى لى لى تېكىستنى ئوقۇسۇن. «بىر يىل ئون ئىككى ئاي، بىر ئاي ئوتتۇز كۈن ......». ساۋاقداشلار سوئالىڭلار بارمۇ؟ ساۋاقداشلار، تاپشۇرۇقنى ۋاقتىدا ئىشلەڭلار، خەتنى چىرايلىق يېزىڭلار. سۆزلەرنى ۋە تېكىستنى يادلاڭلار. دائىم ئۆيغۇرچە

سۆزلەڭلار، داۋاملىق تىرىشىڭلار.

## سۆھبەت

ئا: ساۋاقداشلار، ياخشىمۇ سىلەر!

ئە: مۇئەللىم، ياخشىمۇ سىز!

ئا: ياخشى، ئولتۇرۇڭلار. ھازىر دەرسنى باشلايلى. بۈگۈن دىجورنى كىم؟

ئە: دىجورنى مەن.

ئا: سىز دوسكىنى سۈرتۈڭ.

ئە: ماقۇل.

ئا: لى خۇڭ، سىز دوسكىغا چىقىڭ.

ئە: مۇئەللىم، مەنمۇ چىقاي.

ئا: ماقۇل، سىزمۇ چىقىڭ.

ئا: لى لى، سىز تېكىستنى ئوقۇڭ.

ئە: بىر يىل ئوڭ ئىككى ئاي ......

ئا: توختاڭ لى لى، «بىر يىل ئوڭ ئىككى ئاي» ئەمەس، «بىر يىل ئون ئىككى ئاي.»

ئە: بىر يىل ئون ئىككى ئاي ......

ئا: ئولتۇرۇڭ. تەلەپپۇزغا دىققەت قىلىڭ. ئەمدى كىتابىڭلارنى ئېچىڭلار.

ئە: نەچچىنچى بەتنى؟

ئا: 88 ـ بەتنى. سۆزلەرنى ئۈنلۈك ئوقۇڭلار. سوئالىڭلار بارمۇ؟

ئە: يوق.

ئا: ئۆگىنىش باشلىقى، سىز تاپشۇرۇق دەپتەرلەرنى

يىغىنىڭ.

ئە: ساۋاقداشلار تاپشۇرۇق دەپتىرىڭلارنى بېرىڭلار.

ئا: ساۋاقداشلار ئەته دەرسكە ۋاقتىدا كېلىڭلار.

## سۆزلۈك

| | | |
|---|---|---|
| دەرسخانا | (ئى) | 教室,课堂 |
| ساۋاقداش | (ئى) | 同学 |
| هازىر | (ر) | 现在;财才,刚刚 |
| باشلا- | (نېمىنى، نەگە) | 开始,起头;带领,率领 |
| سۈرت- | (نېمىنى) | 揩,擦 |
| ۋاڭ لى | (ئى) | 汪莉 |
| چىق- | (نەگە، نەدىن) | 出,出来,出去;上;出产 |
| لى لى | (ئى) | 莉莉 |
| ئوقۇ- | (نېمىنى) | 读 |
| سوئال | (ئى) | 问题 |
| ۋاقىت | (ئى) | 时间 |
| ئىشلە- | (نېمىنى، نەدە) | 工作,干活,做 |
| خەت | (ئى) | 字,信 |
| ياز- | (نېمىنى، نەگە، كىمگە) | 写 |
| يادلا- | (نېمىنى) | 背,熟记 |
| دائىم | (ر) | 常常,经常 |
| ئۇيغۇرچە | (ئى) | 维吾尔语 |
| خەنزۇچە | (ئى) | 汉语 |
| سۆزلە- | (نېمىنى، كىمگە) | 讲,说,说话,告诉,诉说 |
| داۋاملىق | (ر) | 继续地,持续地 |
| تىرىش- | (نېمىگە) | 努力,勤奋;上劲,力求 |
| دېجورنى | (ئى) | 值日,值班员 |
| ماقۇل | (ئىم) | 好吧,成,行,可以 |

| | | |
|---|---|---|
| 发音;口音 | (ئى) | تەلەپپۇز |
| 注意,小心 | (نېمىگە) | دىققەت قىل- |
| 刚刚,现在,如今;这下 | (ر) | ئەمدى |
| 开,打开,开办,举办 | (نېمىنى) | ئاچ- |
| 页;版 | (ئى) | بەت |
| 按时 | (ر) | ۋاقتىدا |
| 学习委员 | (س ب) | ئۆگىنىش باشلىقى |
| 集中;收,收集 | (نېمىنى) | يىغ- |
| 给,给予,交给,发给 | (نېمىنى، كىمگە) | بەر- |
| 大声地,洪亮地 | (س) | ئۈنلۈك |
| 听,听见,听取 | (نېمىنى) | ئاڭلا- |
| 做,作,干 | (نېمىنى) | قىل- |
| 站,停,停止 | (نەدە) | توختا- |
| 看,望,瞧,视 | (كىمگە، نېمىگە، نەگە) | قارا- |

〔词语用法说明〕

**«ئەمدى»**

«ئەمدى» 是副词,其主要用法是:

1. 表示行为动作进行过程中的轮次。如:

① ئەمدى كىتابىڭلارنى ئېچىڭلار.

② مەن تېكىستنى بىر قېتىم ئوقۇدۇم، ئەمدى سىز ئوقۇڭ.

③ ئەمدى سىز ياتاققا قايتىڭ.

2. 表示行为动作刚刚进行。

① مەن تاماقنى ئەمدى يېدىم.

② ئەمەت ئەمدى كەلدى.

〔语音常识〕

**塞擦音 «چ» 的读音**

当«چ»处在音节或词的末尾,结合以辅音开头的附加成分时«چ»读为擦音«ش»如:。

| 读法 | 写法 |
| --- | --- |
| ياغاشچى | ياغاچ + چى = ياغاچچى |
| كۇشلۇك | كۈچ + لۈك = كۈچلۈك |
| كەشتە | كەچ + تە = كەچتە |
| ئۈشلەر | ئۈچ + لەر = ئۈچلەر |
| قاشتى | قاچ + تى = قاچتى |

〔语法要点〕

一、动词 پېئىل

表示行为动作、状态、变化或心理活动的词叫做动词。例如:

يازـ ، ئىشلەـ ، ئوقۇـ ، ئاڭلاـ ، ئولتۇرـ ، چىقـ ، بارـ .

注:语言学著作中,动词后加"—",作为动词词干标记。本教材用此标记。

动词根据动作与客体的关系可以分为及物动词与不及物动词。

1. 及物动词 ئۆتۈملۈك پېئىل

与客体直接发生关系,并要求客体带宾格附加成分的动词叫做及物动词。例如:

看电影 كىنو كۆرـ

读 书 كىتاب ئوقۇـ

听 课 دەرس ئاڭلاـ

2. 不及物动词 ئۆتۈمسىز پېئىل

不与客体直接发生关系,或虽与客体直接发生关系,但不要求客体带宾格附加成分的动词叫做不及物动词。例如:

ماڭـ

ئۇخلاـ

ئولتۇرـ

## 二、宾格　چۈشۈم كېلىش

名词宾格形式在名词原形后加附加成分 «نى» 构成。按宾格形式变化的名词表示动作的对象。只有表示及物动词涉及的对象的名词,才可以带宾格附加成分。例如:

① سىز سۆزلەرنى ئوقۇڭ.

② مەن دوسكىنى سۈرتەي.

③ ئۇلار تاپشۇرۇقنى ئىشلىسۇن.

## 三、动词的变位　پېئىللارنىڭ تۈرلىنىشى

动词做句子的各种成分时,根据组合的需要要发生多种变化。这种变化叫做动词的变位。例如:

ئىشلەي = ئىشلە + ي

ئىشلەڭ = ئىشلە + ڭ

ئىشلەيلى = ئىشلە + يلى

ئىشلىسۇن = ئىشلە + سۇن

维吾尔语动词的变位较复杂,也是学习的难点。从本课开始择其常用形式逐项介绍。

## 四、动词的肯定与否定形式

## پېئىللارنىڭ تەستىق ۋە ئىنكار شەكلى

### 1. 肯定形式　تەستىق شەكلى

动词的肯定形式是对动词所指动作的肯定，凡没有带否定附加成分的动词形式(即动词词干本身)都是动词的肯定式。例如:

| | | |
|---|---|---|
| باشلا- | سۈرت- | چىق- |
| ئوقۇ- | ئىشلە- | ياز- |
| يادلا- | سۆزلە- | دىققەت قىل- |

### 2. 否定形式　ئىنكار شەكلى

动词的否定形式是对动词所指动作的否定，它在动词肯定式的基础上附加否定附加成分 -مە//-ما 构成。例如:

باشلا + ما = باشلىما　　　سۈرت + مە = سۈرتمە

ئوقۇ + ما = ئوقۇما        يادلا + ما = يادلىما
ياز + ما = يازما        ئىشلە + مە = ئىشلىمە

## 五、动词祈使式        پېئىللارنىڭ بۇيرۇق رايى

动词祈使式是表示命令、请求、愿望、号召、商议等意义的动词形式。动词祈使式在句中充当谓语时,要和句子的主语在人称,数上保持一致。由动词祈使式构成的句子叫做祈使句。

动词祈使式的构成形式如下:

1. 肯定式:动词词干+祈使式人称附加成分。

**动词祈使式的人称附加成分以及附加方法**

<table>
<tr><th rowspan="2">人称</th><th rowspan="2" colspan="2">附加成分 / 数</th><th rowspan="2">以元音结尾之后</th><th colspan="4">以辅音结尾的动词之后</th><th rowspan="2">例 如<br>دە-، كۆر-، بار-</th></tr>
<tr><th>展唇前元音音节</th><th>展唇后元音音节</th><th>圆唇前元音音节</th><th>圆唇后元音音节</th></tr>
<tr><td rowspan="2">第一人称</td><td colspan="2">单数</td><td>-ي</td><td>-ەي</td><td>-اي</td><td>-ەي</td><td>-اي</td><td>دەي، كۆرەي، باراي</td></tr>
<tr><td colspan="2">复数</td><td>-يلى</td><td>-ەيلى</td><td>-ايلى</td><td>-ەيلى</td><td>-ايلى</td><td>دەيلى، كۆرەيلى، بارايلى</td></tr>
<tr><td rowspan="3">第二人称</td><td rowspan="2">单数</td><td>普称</td><td colspan="5">(用动词词干表示)</td><td>دە، كۆر، بار</td></tr>
<tr><td>尊称</td><td>-ڭ</td><td>-ىڭ</td><td>-ىڭ</td><td>-ۇڭ</td><td>-ۇڭ</td><td>دەڭ، كۆرۈڭ، بېرىڭ، ئولتۇرۇڭ</td></tr>
<tr><td colspan="2">复数</td><td>-ڭلار</td><td>-ىڭلار</td><td>-ىڭلار</td><td>-ۇڭلار</td><td>-ۇڭلار</td><td>دەڭلار، بېرىڭلار</td></tr>
<tr><td rowspan="2">第三人称</td><td colspan="2">单数</td><td rowspan="2" colspan="5">سۇن</td><td rowspan="2">دېسۇن، كۆرسۇن، بارسۇن، ئولتۇرسۇن</td></tr>
<tr><td colspan="2">复数</td></tr>
</table>

2. 否定式:

动词的否定式之后,附加祈使式人称附加成分 ي // -يلى

ڭ // ڭلار- // سۇن- 构成。如：

第一人称

دېمە + ي = دېمەي　　　بارما + ي = بارماي

كۆرمە + يلى = كۆرمەيلى　　　باشلىما + يلى = باشلىمايلى

第二人称

يازما　　　ئوقۇما　　　دېمە　　　يازما

يادلىما + ڭ = يادلىماڭ

كۆرمە + ڭ = كۆرمەڭ

ئىشلىمە + ڭلار = ئىشلىمەڭلار

بارما + ڭلار = بارماڭلار

第三人称

دېمە + سۇن = دېمىسۇن

ئولتۇرما + سۇن = ئولتۇرمىسۇن

3. 疑问式：

由上述肯定式或否定式后加上语气词 «مۇ» 构成（第二人称无疑问式）。例如：

كۆرەي + مۇ = كۆرەيمۇ

كەلسۇن + مۇ = كەلسۇنمۇ

ئوقۇي + مۇ = ئوقۇيمۇ

باراي + مۇ = بارايمۇ

## كۆنۈكمە

1. 熟记本课单词。
2. 将每一个单词抄写一行。
3. 将下列动词按动词的祈使式加以变化。

示例：

مەن ئوقۇ-

مەن ئوقۇ + ي = مەن ئوقۇي.

مەن ياز-　　　مەن ئاڭلا-

بىز ياز-　　　سەن ئاڭلا-

سەن ياز-　　　ئۇ ئاڭلا-

سىلەر ياز-　　　سىز ئاڭلا-

ئۇ ياز-　　　بىز ئاڭلا-

ئۇلار ياز-　　　سىلەر ئاڭلا-

سىز ياز-　　　ئۇلار ئاڭلا-

4. 将下列句子译成汉文。

① مەن گېزىتنى ئوقۇي.

② ئۇ دوسكىنى سۈرتسۇن.

③ بىز مەكتەپكە بارايلى.

④ ساۋاقداشلار دەرسكە كېچىكمىسۇن.

⑤ سەن كىتابنى ئوقۇ.

⑥ سىلەر تاپشۇرۇقنى ئىشلەڭلار.

⑦ مەن ئۇ خەتنى ساڭا بېرەي.

⑧ ئۇلار ئەتە بارسۇن.

5. 选用名词的格附加成分和动词祈使式附加成分填空。

① مەن دوسكا ____ چىق ____.

② ئۇ كىتاب ____ ئوقۇ ____.

③ بىز مەكتەپ ____ بىللە بار ____.

④ سىلەر تاپشۇرۇق ____ ۋاقتىدا ئىشلە ____.

⑤ سىز تېكىست ____ ئۈنلۈك ئوقۇ ____.

⑥ ئۇ خەت ____ چىرايلىق ياز ____.

⑦ ئۇ تەلەپپۇز ____ دىققەت قىل ____.

⑧ سەن سۆزلەر ____ ئوقۇ.

⑨ بىز شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ____ بار ____.

⑩ مەن سىنىپ ____ چىق ____.

6. 用下列动词造祈使句。

ياز-　　　سۆزلە-

ئاچ-　　　　ئىشلە-

بەر-　　　　تىرىش-

7. 把下列动词形式分析为动词的词干和附加成分。示例：

ئوينىمايلى — ئوينا + ما + يلى.

كۆرمىسۇن — كۆر + مە + سۇن.

① يازماڭ　　⑤ ئاڭلىماڭلار

② يازايلىمۇ　　⑥ ئاچمىسۇن

③ ئىشلىمىسۇن　　⑦ كېچىكەيلى

④ بارايلىمۇ

8. 将下列句子译成维文。

①你写吧。　　⑥你们别进来。

②(让)他去。　　⑦你听。

③您说吧。　　⑧你们进来吧。

④您别去。　　⑨你们注意。

⑤我读吧。　　⑩ 我听吧。

9. 回答问题。

① بۈگۈن دىجورنى كىم؟

② بىر يىل نەچچە ئاي؟

③ تېكىستنى كىم ئوقۇسۇن؟

10. 句型练习。

| | | | |
|---|---|---|---|
| ① بۇ تېكىستنى | مەن | | قىلاي. |
| | سىز | تەرجىمە | قىلىڭ. |
| | ئۇ | （翻译） | قىلسۇن. |
| | ئادىل | | قىلسۇن. |

② ۋاڭ لى سىز

دوسكىغا چىقىڭ.
دوسكىنى سۈرتۈڭ.
دوسكىغا قاراڭ.

③ بۈگۈن

يېڭى دەرسنى باشلايلى.
كىنوغا بارايلى.
تاپشۇرۇق ئىشلەيلى.
باغچىغا بارايلى.

# ئون تۆتىنچى دەرس

كېرەكلىك تاشنىڭ ئېغىرى يوق.
有用的石头不嫌重。

**نۇقتىلىق جۈملىلەر** 重点句子

① مەن ياتاقتىن كەلدىم.
② بىز تۆت سائەت دەرس ئوقۇدۇق.
③ بىز سائەت يەتتىدە تاماق يېدۇق.

## تېكىست

### بىزنىڭ بىر كۈنىمىز

بۈگۈن دۈشەنبە. بىز ئەتىگەن سائەت ئالتىدە ئورنىمىزدىن تۇردۇق، بىر سائەت سۆزلۈكلەرنى يادلىدۇق. سائەت يەتتىدە تاماق يېدۇق، سائەت يەتتە يېرىمدا سىنىپقا چىقتۇق، يېرىم سائەت دەرس تەكرارلىدۇق. چۈشتىن بۇرۇن تۆت سائەت دەرس ئوقۇدۇق. چۈشتە ھەممىمىز 3 ـ ئاشخانىغا كىردۇق. مەن لەڭمەن يېدىم، باشقىلار پولۇ يېدى. چۈشتە بىر يېرىم سائەت ئۇخلىدۇق. چۈشتىن كېيىن مەن بازارغا باردىم. لى لى بىلەن

ئايگۈل كىنوغا باردى. باشقىلار سىنىپتا تاپشۇرۇق ئىشلىدى. كەچتە سائەت ئوندا ئۇخلىدۇق.

## سۆھبەت

ئا: قەيسەر، يەكشەنبە كۈنى نەگە باردىڭلار؟
ئە: بىز بازارغا باردۇق.
ئا: بازاردىن نېمە ئالدىڭلار؟
ئە: مەن لۆڭگە، سوپۇن، تەلەڭگە ئالدىم، گۈلنۇر «ئۇيغۇرچە ـ خەنزۇچە لۇغەت» ۋە دەپتەر ئالدى.
ئا: ئالىم بازارغا بارمىدىمۇ؟
ئە: ئالىممۇ باردى.
ئا: يەكشەنبە كۈنى سىز نېمە ئىش قىلدىڭىز؟
ئە: مەن چۈشتىن بۇرۇن كىر يۇدۇم، چۈشتىن كېيىن مۇنچىغا باردىم، كەچتە دوستلىرىم بىلەن كىنوغا باردىم.
ئا: چۈشلۈك تاماقنى نەدە يېدىڭىز؟
ئە: مەكتەپ ئاشخانىسىدا يېدىم.
ئا: كەچتىچۇ؟
ئە: كەچتىمۇ مەكتەپ ئاشخانىسىدا يېدىم.
ئا: بازارغا پىيادە باردىڭلارمۇ، ئاپتوبۇس بىلەن باردىڭلارمۇ؟
ئە: بازارغا پىيادە باردۇق.
ئا: چارچىدىڭلارمۇ؟
ئە: ياق، پەقەت چارچىمىدۇق. بىزنىڭ بۇ بىر كۈنىمىز بەك كۆڭۈللۈك ئۆتتى.

## سۆزلۈك

| | | |
|---|---|---|
| ئەتىگەن | ( ئى ) | 早晨,早上 |

| | | |
|---|---|---|
| تۇر- | (نەدىن، قاچان) | 站,正,形起,起来,住,居住 |
| چۈشلۈك | (س) | 中午的 |
| تاماق | (ئى) | 饭;喉咙 |
| يە- | (نېمىنى، نەدە) | 吃 |
| يېرىم | (س) | 半 |
| تەكرارلا، تەكرار قىل- | (نېمىنى) | 复习;重复,反复 |
| چۈشتىن بۇرۇن | (س ب) | 上午 |
| چۈشتىن كېيىن | (س ب) | 下午 |
| چۈش | (ر) | 中午 |
| ھەممە | (ئا) | 所有,全部,一切 |
| لەڭمەن | (ئى) | 拉面 |
| باشقا | (ئا) | 其它的,另外的;以外,之外 |
| پولۇ | (ئى) | 抓饭 |
| ئۇخلا- | (نەدە) | 睡,睡觉 |
| بازار | (ئى) | 巴扎,市场,集市,街 |
| كىنو | (ئى) | 电影 |
| ئال- | (نېمىنى) | 取,拿;买 |
| لۆڭگە | (ئى) | 毛巾 |
| سوپۇن | (ئى) | 肥皂 |
| تەلەڭگە | (ئى) | 盆子 |
| ئېھتىياجلىق | (س) | 需要的,必要的 |
| نەرسە | (ئى) | 东西 |
| پۈتۈن | (ر) | 全部的,整个的;完美的 |
| كۆر- | (نېمىنى، نەدە) | 看,看见,见到 |
| كەت- | (نەگە) | 走,去 |
| ئاندىن | (ب) | 然后 |
| پىيادە | (ر) | 步行 |
| ئاپتوبۇس | (ئى) | 公共汽车,大轿车 |
| بار- | (نەگە) | 去 |

| | | |
|---|---|---|
| 回,返回 | (نەدىن، نەگە) | قايت- |
| 劳累,疲劳 | (قانداق) | چارچا- |
| 只,只有;绝对;根本 | (ب) | پەقەت |
| 欢乐,愉快的,快乐的 | (س) | كۆڭۈللۈك |
| 过,穿过,通过 | (نەدىن، نېمىدىن) | ئۆت- |
| 洗衣服 | (س ب) | كىر يۇ- |
| 抓,拿,握,捉 | (نېمىنى) | تۇت- |
| 下,落,降落 | (نەدىن) | چۈش- |

〔词语用法说明〕

一、بار

«بار» 是特殊形容词,表示存在。常作谓语,与其组合的表处所的名词应使用时位格形式。如:

① بىزنىڭ سىنىپىمىزدا يىگىرمە تۆت ئوقۇغۇچى بار.

② مەندە «ئۇيغۇرچە - خەنزۇچە لۇغەت» بار.

二、بار-

«بار -» 是不及物动词, 要求向格。它表示行为动作朝着某一个方向进行。如:

① مەن سىنىپقا باراي.

② بازارغا باردىم.

③ سىز كىنوغا بېرىڭ، بىز بارمايلى.

形容词 «بار -» 和动词词根 «بار-» 是同音词。

三、بىلەن

1. «بىلەن» 作连词时,连接意义上连贯的, 结构上并列的两个词,如:

① ئىنىم بىلەن سىڭلىم ئالىي مەكتەپتە ئوقۇدى.

② ۋاڭ لى بىلەن قادىر بىر سىنىپتا.

2. «بىلەن» 作后置词时,有时表示行为动作所用的某种手段,如:

① مەن بازارغا ئاپتوبۇس بىلەن باردىم.

② تاماقنى چوكا بىلەن يېدىم.

有时表示行为动作的起因或状态。如：

① مەن ھۆكۈمەت خىزمىتى بىلەن بېيجىڭغا باردىم.

② ئۇلار ۋاقتنى قۇرۇق گەپ بىلەن ئۆتكۈزدى.

有时表示行为动作在两个以上的人之间进行。如：

① مەن ئالىم بىلەن كۆرۈشتۈم.

② ئۇ ساۋاقداشلىرى بىلەن ئىناق ئۆتىدۇ.

③ سەن ئەمەت بىلەن بارما.

〔语音常识〕

**动词中元音 «ئا، ئە» 的弱化**

以«ئا» 构成的辅音结尾的单音节动词结合以«ئا»开头的附加成分时不弱化。

| | |
|---|---|
| ياز + اي = يازاي | ياز + ام + دىم = يازامدىم |
| ئاچ + اي = ئاچاي | ئاچ + ام + دىم = ئاچامدىم |

〔语法要点〕

**一、动词的时** **پېئىل زامانلىرى**

动词所表示的任何一种动作或状态总是和一定的时间联系在一起的。动词的时表示行为动作与时间的关系。

根据动词所指动作或状态与说话时间的关系，动词的时一般分为过去时、将来时、现在时。

**二、过去时直接陈述式(一)**

**پېئىلنىڭ ئۆتكەن زامان ۋاستىسىز خەۋەر رايى**

动词过去时直接陈述式表示所陈述的动作是在说话时刻以前发生的。例如：

① مەن كەلدىم.

② بىز تاپشۇرۇق ئىشلىدۇق.

③ ئوقۇغۇچىلار توپ ئوينىدى.

④ مۇئەللىم دەرس ئۆتتى.

⑤ ئالىم كەلمىدى.

⑥ مەن تاماق يېمىدىم.

动词过去时直接陈述式的构成形式如下：

1. 肯定式　　　　　　　　　　　　　　　تەستىق شەكلى

由动词词干＋动词过去时直接陈述式人称附加成分构成。

**动词过去时直接陈述式人称附加成分表**

| 人称 \ 动词的数 \ 附加成分 \ 附加位置 | | | 展唇元音构成的音节：元音或浊辅音结尾之后 | 展唇元音构成的音节：清辅音结尾之后 | 圆唇后元音构成的音节：元音或浊辅音结尾之后 | 圆唇后元音构成的音节：清辅音结尾之后 | 圆唇前元音构成的音节：元音或浊辅音结尾之后 | 圆唇前元音构成的音节：清辅音结尾之后 |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 第一人称 | 单数 | | دىم | تىم | دۇم | تۇم | دۈم | تۈم |
| | 复数 | | دۇق | تۇق | دۇق | تۇق | دۇق | تۇق |
| 第二人称 | 单数 | 普称 | دىڭ | تىڭ | دۇڭ | تۇڭ | دۈڭ | تۈڭ |
| | | 尊称 | دىڭىز | تىڭىز | دىڭىز | تىڭىز | دىڭىز | تىڭىز |
| | 复数 | | دىڭلار | تىڭلار | دۇڭلار | تۇڭلار | دۈڭلار | تۈڭلار |
| 第三人称 | 单，复数 | | دى | تى | دى | تى | دى | تى |

ياز+

دىم = يازدىم
دۇق = يازدۇق
دىڭ = يازدىڭ
دىڭىز + يازدىڭىز
دىڭلار = يازدىڭلار
دى = يازدى

ئاچ+

تىم = ئاچتىم
تۇق = ئاچتۇق
تىڭ = ئاچتىڭ
تىڭىز = ئاچتىڭىز
تىڭلار = ئاچتىڭلار
تى = ئاچتى

| | |
|---|---|
| ئوقۇ + دۇم = ئوقۇدۇم | تۇت + تۇم = تۇتتۇم |
| ئوقۇ + دۇق = ئوقۇدۇق | تۇت + تۇق = تۇتتۇق |
| ئوقۇ + دۇڭ = ئوقۇدۇڭ | تۇت + تۇڭ = تۇتتۇڭ |
| ئوقۇ + دىڭىز = ئوقۇدىڭىز | تۇت + تىڭىز = تۇتتىڭىز |
| ئوقۇ + دۇڭلار = ئوقۇدۇڭلار | تۇت + تۇڭلار = تۇتتۇڭلار |
| ئوقۇ + دى = ئوقۇدى | تۇت + تى = تۇتتى |

| | |
|---|---|
| كۆر + دۇم = كۆردۇم | ئۆت + تۇم = ئۆتتۇم |
| كۆر + دۇق = كۆردۇق | ئۆت + تۇق = ئۆتتۇق |
| كۆر + دۇڭ = كۆردۇڭ | ئۆت + تۇڭ = ئۆتتۇڭ |
| كۆر + دىڭىز = كۆردىڭىز | ئۆت + تىڭىز = ئۆتتىڭىز |
| كۆر + دۇڭلار = كۆردۇڭلار | ئۆت + تۇڭلار = ئۆتتۇڭلار |
| كۆر + دى = كۆردى | ئۆت + تى = ئۆتتى |

2. 否定式　　　ئىنكار شەكلى

在动词词干后先附加否定附加成分 ما-//مە-，然后附加 دىم- // دۇق- // دىڭ- // دىڭىز- // دىڭلار- // دى- 附加成分构成。例如：

ياز + ما + دىم = يازمىدىم، ئاچ + ما + دۇق = ئاچمىدۇق

ئوقۇ + ما + دىڭ = ئوقۇمىدىڭ

تۇت + ما + دى = تۇتمىدى

كۆر + مە + دىڭلار = كۆرمىدىڭلار

3. 疑问式　　　سوراق شەكلى

过去时直接陈述式的肯定式和否定式的疑问形式都是在它的肯定式或否定式后加语气助词 «مۇ» 来表示。如：

① مۇئەللىم كەلدىمۇ - كەلمىدىمۇ؟

② سىز باردىڭىزمۇ - بارمىدىڭىزمۇ؟

③ تاپشۇرۇقنى ئىشلىدىڭلارمۇ - ئىشلىمىدىڭلارمۇ؟

④ سائەت توشتىمۇ - توشمىدىمۇ؟

三、从格　　　　　　　　　　　　　　　　　　چىقىش كېلىش

名词的从格由附加成分 تىن / -دىن 表示。从格名词表示动作的起点，经过的处所以及被比较的事物等意思。例如：

① مەن ئۈرۈمچىدىن كەلدىم.

② بۇ كىتابنى مۇئەللىمدىن ئالدىم.

③ ئۇ مەندىن ياخشى.

④ بىز چوڭ ئىشىكتىن كىردۇق.

四、时刻表达法　　　　　سائەتنى ئىپادىلەش ئۇسۇلى

1. 表示"(在)××点"时，用«سائەت ×× دە» 如：

我们六点钟起床　　بىز سائەت ئالتىدە ئورنىمىزدىن تۇرىمىز.

他们三点钟来。　　ئۇلار سائەت ئۈچتە كېلىدۇ.

2. 表示"(到)××点了"时用«سائەت ×× بولدى» 如：

点了？　　سائەت قانچە بولدى؟

二点了。　　سائەت ئون ئىككى بولدى.

3. 表示"××点过××分"时，用

«سائەت ××× دىن ××× مىنۇت ئۆتتى».

如：

五点二十了。　　سائەت بەشتىن يىگىرمە مىنۇت ئۆتتى.

4. 表示"××点差××分"或"差××分××点"时用

«سائەت ××× گە ××× مىنۇت قالدى.

如：

两点差五分.سائەت ئىككىگە بەش مىنۇت قالدى

半小时可以用يېرىم(单独用时用يېرىم سائەت)表示，

如：

五点半了。　　سائەت بەش يېرىم بولدى.

他们半小时以后来。ئۇلار يېرىم سائەتتىن كېيىن كېلىدۇ

## كۆنۈكمە

1. 熟记本课单词。

2. 将每一个单词抄写一行。

3. 将下列动词按动词的过去时直接陈述式加以变化。

示例：

ياز ← يازدىم، يازدۇق، يازدىڭ، يازدىڭىز، يازدىڭلار

يازدى.

① ئۇخلا- ② يادلا-

③ چىق- ④ سۇرت-

⑤ ئوقۇ- ⑥ دىققەت قىل-

⑦ ئال- ⑧ ئۆت-

4. 将下列词按从格附加成分形式加以变化。

ئەتىگەن ئورۇن تاماق چۈش پولۇ

بازار كىنو ئاپتوبۇس سىنىپ دۈشەنبە

قەۋەت قەيەر نە قىز دەرس

5. 将下列动词按动词否定式和疑问式进行变化。

示例：

ئاڭلىدىم ← ئاڭلىمىدىم، ئاڭلىدىممۇ

يېدىڭ، تەكرارلىدى، ئۇخلىدۇق، باردىڭلار

باشلىدىم، چىقتىڭىز، ئوقۇدۇڭ، يازدىڭلار

6. 将下列句子译成汉文。

① ھازىر ۋاقتىم يوق.

② ئۇ ئورنىدىن تۇردى.

③ ئالىم ئاقسۇدىن كەلدى.

④ بىز قەشقەردىن كەلدۇق.

⑤ ساۋاقداشلار تېخى دەرستىن چۈشمىدى.

⑥ بۇ كىتابنى نەدىن ئالدىڭىز؟

⑦ مەن قەيسەردىن ئېگىز.

⑧ بۇنى مۇئەللىمدىن سوراڭ.

7. 用下列动词各造一个带从格的句子。

كەل - ئال - تۇر

8. 将下列句子译成汉文并注意名词格的用法。

① بۇ ئاشخانا ياخشى.

② مەن بۇ ئاشخانىغا كىردىم.
③ مەن بۇ ئاشخانىدىن چىقتىم.
④ مەن بۇ ئاشخانىنى كۆردۈم.
⑤ مەن بۇ ئاشخانىدا تاماق يېدىم.
⑥ بۇ ئاشخانىنىڭ تامىقى ياخشى.
⑦ بۇ گېزىت ياخشى.
⑧ سىز گېزىت ئوقۇڭ.
⑨ سىز بۇ گېزىتكە قاراڭ.
⑩ سىز بۇ گېزىتتىن بىرنى ئېلىڭ.
⑪ سىز بۇ گېزىتنىڭ 4 - بېتىنى ئوقۇڭ.

9. 选用名词的格附加成分和动词过去时直接陈述式附加成分填空。

① ئۇ ئۆي ______ خەت ياز ______ .
② مەن تېكىست ______ يادلا ______ .
③ ئۇلار كۇتۇپخانا ______ چىق ______ .
④ مەن سائەت ئون ______ ئۇخلا ______ .
⑤ لى خۇڭ دېرىزە ______ سۈرت ______ .
⑥ ئۇ گۇلنۇر ______ ئۆيىگە بار ______ .
⑦ ئۇ غۇلجا ______ تۈنۈگۈن كەل ______ .
⑧ مەن تاپشۇرۇق ______ ئىشلىمە ______ .
⑨ سەن كىنو ______ باردىڭ ______ .
⑩ سىلەر تاپشۇرۇق ______ ئىشلە ______ .

10. 回答问题。

① سىز بۈگۈن ئەتىگەن سائەت نەچچىدە ئورنىڭىزدىن تۇردىڭىز؟
② ئەتىگەنلىك تاماقنى نەچچىدە يېدىڭىز؟
③ چۈشتىن بۇرۇن نېمە ئىش قىلدىڭىز؟
④ چۈشتىن كېيىن نېمە ئىش قىلدىڭىز؟
⑤ كەچتە سائەت نەچچىدە ئۇخلىدىڭىز؟

11. 句型练习。

| | | |
|---|---|---|
| ① مەن | ئاقسۇدىن | كەلدىم. |
| | ياتاقتىن | |
| | بازاردىن | |

| | | |
|---|---|---|
| ② بىز | بىر سائەت | تازىلىق قىلدۇق. |
| | ئىككى سائەت | |
| | يېرىم كۈن | |

| | |
|---|---|
| ③ مەن چۈشتىن كېيىن (بۇرۇن) | كىنوغا باردىم. |
| | تاپشۇرۇق ئىشلىدىم. |
| | ئۇخلىدىم. |

| | | |
|---|---|---|
| ④ مەن چۈشتە | لەغمەن | يېدىم. |
| | پولو | |
| | گاڭپەن | |
| | مانتا | |

# ئون بەشىنچى دەرس

ئۆزىنى بىلگەن خار بولماس .
自知之明者不会受辱。

重点句子　　　　نۇقتىلىق جۈملىلەر

① مەن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇيمەن.
② مەن ئۇيغۇر تىلىنى ياخشى كۆرىمەن.
③ ئۇلار چۈشتىن كېيىن تازىلىق قىلىدۇ.
④ ماگىزىندىن لۆڭگە ئالىمەن.

## تېكىست

### بىز شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇيمىز

بىز شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى، مەن جۇڭگو تىللىرى فاكۇلتېتىدا ئوقۇيمەن. ۋاڭ لى چەت ئەل تىلى فاكۇلتېتىدا ئوقۇيدۇ. مەن ئۇيغۇر تىلى كەسپىدە، ۋاڭ لى ئىنگلىز تىلى كەسپىدە ئوقۇيدۇ. بىز دائىم بىللە دەرس تەكرارلايمىز. بىز ئۆگىنىشتە بىر ـ بىرىمىزگە ياردەم بېرىمىز. تۇرمۇشتا ئۆزئارا كۆڭۈل بۆلىمىز. مەن ۋاڭ لىدىن چەت ئەل تىلى ئۆگىنىمەن، ئۇ مەندىن ئۇيغۇر تىلى ئۆگىنىدۇ. بىز ھەر

ئىككىمىز ئۆز كەسپىمىزنى ياخشى كۆرىمىز. مەن ئۇيغۇر تىلىنى چوقۇم ياخشى ئۆگىنىمەن.

## سۆھبەت

ئا: سىلەر قايسى مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى؟
ئە: بىز شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى.
ئا: سىز قايسى مەكتەپتە ئوقۇيسىز؟
ئە: مەن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇيمەن.
ئا: سىز قايسى فاكۇلتېتتا ئوقۇيسىز؟
ئە: مەن جۇڭگو تىللىرى فاكۇلتېتىدا ئوقۇيمەن.
ئا: دوستىڭىزچۇ؟
ئە: دوستۇم چەت ئەل تىلى فاكۇلتېتىدا ئوقۇيدۇ.
ئا: سىز كەسپىڭىزنى ياخشى كۆرەمسىز.
ئە: ياخشى كۆرىمەن، مەن ئۇيغۇر تىلىنى چوقۇم ياخشى ئۆگىنىمەن.
ئا: ۋاڭ لى — ئەتە نېمە ئىش قىلىسىز؟
ئە: چۈشتىن بۇرۇن كىر يۇيىمەن، چۈشتىن كېيىن توپ ئوينايمەن، كەچتە سىنىپتا چىقىمەن.
ئا: كىنو كۆرمەمسىز؟
ئە: ياق، كىنو كۆرمەيمەن، تېكىستنى تەرجىمە قىلىمەن.
ئا: ئەتە سىز نېمە ئىش قىلىسىز؟
ئە: مەن بازارغا بارىمەن.
ئا: بازاردا نېمە ئىش قىلىسىز؟
ئە: ئالدى بىلەن كىتابخانىغا بارىمەن. ئاندىن پوچتىخانىغا بارىمەن. ئۆيۈمگە بىر پارچە خەت سالىمەن.
ئا: ئۇنىڭدىن كېيىن نېمە ئىش قىلىسىز؟
ئە: ئۇنىڭدىن كېيىن تاغامنىڭ ئۆيىگە بارىمەن. كەچتە

ئۇدۇل مەكتەپكە قايتىمەن.

## سۆزلۈك

| | | |
|---|---|---|
| جۇڭگو | (ئى) | 中国 |
| چەت ئەل | (س ب) | 外国 |
| ئىنگلىز تىلى | (ئى) | 英语 |
| تازىلىق قىلـ | (نەدە) | 打扫卫生 |
| كەچ | (ر) | 晚上,晚间,晚;迟 |
| بىللە | (تىر) | 一起,共同 |
| تەكرار قىلـ | (نىمىنى، نەدە) | 复习 |
| بىر - بىرى | (س ب) | 互相 |
| ياردەم بەر- | (كىمگە، نىمىگە) | 帮助,援助 |
| ئۆزئارا | (س ب) | 互相,相互,彼此 |
| كۆڭۈل بۆلـ | (كىمگە، نىمىگە) | 关心 |
| ئۆگەنـ | (نىمىنى، كىمـ- دىن) | 学习 |
| ياخشى كۆر- | (نىمىنى، كىمـ- نى) | 喜欢 |
| چوقۇم | (ر) | 一定,必定;肯定 |
| ئىش | (ئى) | 事,事情 |
| تەرجىمە قىلـ | (نىمىنى) | 翻译 |
| ئالدى بىلەن | (س ب) | 先,首先 |
| كىتابخانا | (ئى) | 书店 |
| پوچتىخانا | (ئى) | 邮电局 |
| پارچە | (م) | 封,本,篇,块,张,片 |
| تاغا | (ئى) | 叔叔,舅舅 |
| ئۇدۇل | (ر) | 直的,对面的;一直,直接 |
| كىر | (ئى) | (脏了的)衣物 |

| | | |
|---|---|---|
| 球；群，堆；人群 | (ئى) | توپ |
| 然后 | (ب) | ئۆنىڭدىن كېيىن |
| 发信，寄信 | (نەگە، كىمگە) | خەت سال- |
| 玩，玩耍，游玩 | (نەدە، كىم بىلەن، نېمىنى) | ئوينا- |

〔语法要点〕

**动词将来时直接陈述式**

## پېئىلنىڭ كەلگۈسى زامان ۋاسىتىسىز بايان رايى

动词将来时直接陈述式表示人或事物的行为动作将要发生。将来时直接陈述式的构成形式如下：

1. 肯定形式：由动词词干＋将来时直接陈述式的人称附加成分构成。

**动词将来时直接陈述式的人称附加成分以及附加方法**

| 人称 | 数 | | 元音结尾之后 | 辅音结尾之后 | 实例<br>بار-، ئىشلە- |
|---|---|---|---|---|---|
| 第一人称 | 单数 | | -يمەن | -ىمەن | بار + ىمەن = بارىمەن<br>ئىشلە + يمەن = ئىشلەيمەن |
| | 复数 | | -يمىز | -ىمىز | بار + ىمىز = بارىمىز<br>ئىشلە + يمىز = ئىشلەيمىز |
| 第二人称 | 单数 | 普称 | -يسەن | -ىسەن | بار + ىسەن = بارىسەن<br>ئىشلە + يسەن = ئىشلەيسەن |
| | | 尊称 | -يسىز | -ىسىز | بار + ىسىز = بارىسىز<br>ئىشلە + يسىز = ئىشلەيسىز |
| | 复数 | | -يسىلەر | -ىسىلەر | بار + ىسىلەر = بارىسىلەر<br>ئىشلە + يسىلەر = ئىشلەيسىلەر |
| 第三人称 | 单、复数 | | -يدۇ | -ىدۇ | بار + ىدۇ = بارىدۇ<br>ئىشلە + يدۇ = ئىشلەيدۇ |

注：以 ئا 构成的辅音结尾的单音节动词结合以上附加成分时 ئا 不弱化。

2. 否定形式：在动词词干后先加动词否定式的附加成分«ما، مە»，然后再分别附加以辅音开头的将来时直接陈述式的人称附加成分。例如：

قايت + ما + يمەن = قايتمايمەن.

ئاڭلا + ما + يدۇ = ئاڭلىمايدۇ.

كۆر + مە + يسەن = كۆرمەيسەن.

ئىشلە + مە + يمىز = ئىشلىمەيمىز.

3. 疑问形式：①在动词词干后，先附加«-ەم // -ام // -م» 再加«-دۇ» 然后再附加第一人称附加成分 «-مەن // -مىز» 来构成第一人称疑问形式。例如：

ئوقۇ + م + دۇ + مەن = ئوقۇمدىمەن؟

ئوقۇ + م + دۇ + مىز = ئوقۇمدىمىز؟

كۆر + ەم + دۇ + مەن = كۆرەمدىمەن؟

كۆر + ەم + دۇ + مىز = كۆرەمدىمىز؟

②动词词干后，先加将来时直接陈述式第一人称附加成分，然后加疑问语气词 «مۇ» 来构成第一人称疑问形式。如：

يە + يمەن + مۇ = يەيمەنمۇ؟

قايت +ىمىز + مۇ = قايتىمىزمۇ؟

ئاڭلا + يمەن + مۇ = ئاڭلايمەنمۇ؟

ئاڭلا + يمىز + مۇ = ئاڭلايمىزمۇ؟

③在动词词干后，先附加表示疑问的«-ەم // -ام // -م»附加成分，然后再分别附加动词将来时直接连述式的第二、三人称附加成分来构成第二、三人称疑问形式。例如：

بار + ام + سەن = بارامسەن؟

بار + ام + سىز = بارامسىز؟

بار + ام + سىلەر = بارامسىلەر؟

بار + ام + دۇ = بارامدۇ؟

كەل + ەم +
سەن = كېلەمسەن؟
سىز = كېلەمسىز؟
سىلەر = كېلەمسىلەر؟
ئۇ = كېلەمدۇ؟

ئىشلە + م +
سەن = ئىشلەمسەن؟
سىز = ئىشلەمسىز؟
سىلەر = ئىشلەمسىلەر؟
ئۇ = ئىشلەمدۇ؟

## كۆنۈكمە

1. 熟记本课单词。
2. 每一个单词抄写一行。
3. 将下列动词按动词将来时直接陈述式进行变化。

示例：

مەن ياز-

مەن ياز + ىمەن = مەن يازىمەن.

① ئۇ ئوقۇ- ② سەن تەكرار قىل-
③ سىز ياردەم بەر- ④ مەن ئۆگەن-
⑤ ئۇ ياخشى كۆر- ⑥ ئۇ خەت سال-
⑦ ئۇلار تاپشۇرۇق ئىشلە- ⑧ بىز تاماق يە-
⑨ سىلەر كىنو كۆر- ⑩ بىز تازىلىق قىل-

4. 写出下列动词将来时直接陈述式的否定式。

示例：

يازىمەن ← يازمايمەن

① يازىدۇ ② ئوقۇيسەن

③ ئىشلەيمەن ④ كۆرىدۇ
⑤ ئوقۇيسىز ⑥ ئۆگىنىمەن
⑦ كۆرىمىز ⑧ بارىسىلەر

5. 写出下列动词将来时直接陈述式的疑问式。

示例：

كۆرىمەن ← كۆرەمسىز؟

① بارىمەن ④ ئوقۇيدۇ
② كۆرىدۇ ⑤ ئىشلەيسىز
③ يۇيىمەن ⑥ ئالىمەن

6. 选用名词的格附加成分和动词将来时直接陈述式附加成分填空。

① مەن ئۆي ______ خەت ياز ______
② ئۇ تېكىست ______ يادلا ______
③ مەن سۆزلەر ______ ئوقۇ ______
④ مەن سائەت ئون ______ ئۇخلا ______
⑤ ۋاڭ لى دېرىزە ______ سۈرت ______
⑥ ئۇ ئەتە ئاقسۇ ______ ماڭ ______
⑦ ئۇ تاپشۇرۇق ______ ئىشلە ______
⑧ سەن ھەر كۈنى كىنو ______ بار ______
⑨ مەن دوختۇرخانا ______ ئىشلە ______
⑩ ئۇ كۇتۇپخانا ______ ئىشلە ______

7. 用下列动词的将来时直接陈述式各造一个句子。

① تەكرار قىل- ② كىر يۇ- ③ ئىش قىل-
④ خەت سال- ⑤ ئۆگەن- ⑥ كۆڭۈل بۆل-

8. 将下列句子译成汉文。

① ئۇنىڭ دادىسى مۇشۇ مەكتەپتە ئىشلەيدۇ.
② مەن تاپشۇرۇق ئىشلەيمەن.
③ ئۆمەر سىز نەگە بارىسىز؟
④ مەن ئۇدۇل سىنىپقا بارىمەن.

⑤ سىز بازارغا چىقامسىز؟

⑥ ياق چىقمايمەن.

⑦ تەتىلدە ئۆيىڭىزگە بارامسىز؟

⑧ سىز نەدىن كەلدىڭىز؟

⑨ مەن شىخەنزىدىن كەلدىم.

⑩ سىز نەگە ماڭدىڭىز؟

9. 把下列已变位的动词分析为组成成分。

① يېمەيدۇ

② ئىشلىمەيدۇ

③ ئوقۇمايسەن

④ كېلەمسەن

⑤ تەكرار قىلامسىز

⑥ ئالامسەن

⑦ ئۆگىنىمەن

10. 将下列句子译成维文。

①我叔叔不在学校工作。

②现在我们学习第十五课。

③现在我们翻译第四课课文。

④我会维吾尔语,不会哈萨克语。

⑤你买钢笔吗?

⑥今天我们上新课。

⑦我经常讲维吾尔语。

⑧你在哪一个班?

⑨我在九四·一班。

⑩你会维吾尔语吗?

11. 回答问题。

① سىز نەدە ئوقۇيسىز؟

② چۈشتە نېمە تاماق يەيسىز؟

③ چۈشتىن كېيىن نەگە بارىسىز؟

④ سىز قايسى فاكۇلتېتتا ئوقۇيسىز؟

⑤ دوستىڭىز قايسى فاكۇلتېتتا ئوقۇيدۇ؟

⑥ سىز كەسپىڭىزنى ياخشى كۆرەمسىز؟

12. 句型练习。

| | | | |
|---|---|---|---|
| ① | مەن | شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا | ئوقۇيمەن. |
| | | كىتاب | |
| | | گېزىت | |

| | | | |
|---|---|---|---|
| ② | مەن | ئۇيغۇر تىلىنى | ياخشى كۆرىمەن. |
| | | ئۇنى | |
| | | ئۆز كەسپىمنى | |

| | | |
|---|---|---|
| ③ | ئۇلار چۈشتىن كېيىن | تازىلىق قىلىدۇ. |
| | | كىنوغا بارىدۇ. |
| | | يىغىن ئاچىدۇ. |

| | | | |
|---|---|---|---|
| ④ | مەن ماگىزىندىن | سوپۇن | ئالىمەن. |
| | | قەلەم | |
| | | چايدان | |

# ئون ئالتىنچى دەرس

| |
|---|
| يىگىت سۆزىدىن قايتماس، يولۋاس ئىزىدىن. |
| 老虎不走回头路,好汉言必有信。 |

重点句子

## نۇقتىلىق جۈملىلەر

① بىز ئۇيغۇر تىلى ئۆگىنىۋاتىمىز.
② مەن تاپشۇرۇق ئىشلەۋاتىمەن.
③ سىلەر نېمە ئىش قىلىۋاتىسىلەر؟

## تېكىست

### بىز ئۇيغۇر تىلى ئۆگىنىۋاتىمىز

بىزنىڭ سىنىپىمىزدا خەنزۇ، خۇيزۇ، ئۇيغۇر، قازاق ئوقۇغۇچىلىرى بار. بىز ھەممىمىز ئۇيغۇر تىلى ئۆگىنىۋاتىمىز، بەزىلەر يەنە رۇس تىلىمۇ ئۆگىنىۋاتىدۇ. يەنە ئۈچ ھەپتىدىن كېيىن قىشلىق تەتىل بولىدۇ. بىز ئىمتىھانغا جىددىي تەييارلىق قىلىۋاتىمىز. مەن ئۆيۈمگە خەت يېزىۋاتىمەن. لى خۇڭ گېزىت ئوقۇۋاتىدۇ، قەيسەر تاپشۇرۇق ئىشلەۋاتىدۇ. گۈلنۇر دوستى

بىلەن پاراڭلىشىۋاتىدۇ. بىز 1 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ئۆيگە قايتىمىز، 2 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا مەكتەپكە كېلىمىز.

## سۆھبەت

ئا: سىلەرنىڭ سىنىپتا قايسى مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى بار؟

ئە: بىزنىڭ سىنىپىمىزدا ئۇيغۇر، خەنزۇ، خۇيزۇ ئوقۇغۇچىلىرى بار.

ئا: سىلەر نېمە ئۆگىنىۋاتىسىلەر؟

ئە: بىز ئۇيغۇر تىلى ئۆگىنىۋاتىمىز.

ئا: سىلەر هازىر نېمە ئىش قىلىۋاتىسىلەر؟

ئە: بىز ئىمتىهانغا تەييارلىق قىلىۋاتىمىز.

ئا: سىز نېمە قىلىۋاتىسىز؟

ئە: مەن ئۆيۈمگە خەت يېزىۋاتىمەن.

ئا: گۈلنۇر نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ؟

ئە: گۈلنۇر دوستى بىلەن پاراڭلىشىۋاتىدۇ.

ئا: سىز رومان ئوقۇۋاتامسىز؟

ئە: ياق، مەن هېكايە ئوقۇۋاتىمەن.

ئا: شېن لى خەت يېزىۋاتامدۇ؟

ئە: ياق، ئۇ رەسىم سىزىۋاتىدۇ.

ئا: ئالىمجانچۇ؟

ئە: ئۇ رادىئو ئاڭلاۋاتىدۇ.

ئا: ئەھۋالغا قارىغاندا، ھەممىڭلار بەك ئالدىراش ئوخشايسىلەر؟

ئە: شۇنداق، چۈنكى بىز مەۋسۇملۇق ئىمتىھانغا تەييارلىق قىلىۋاتىمىز.

ئا: قىشلىق تەتىل قاچان بولىدۇ؟

ئە: 1 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى.

ئا: مەكتەپكە قاچان كېلىسىلەر؟
ئە: 2 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا كېلىمىز.
ئا: ئەمىسە، مەن قايتاي، سىلەرگە ئاق يول تىلەيمەن. خەير ـ خوش.
ئە: رەھمەت سىزگە، خەير ـ خوش.

## سۆزلۈك

| | | |
|---|---|---|
| ھېكايە | (ئى) | 故事;小说 |
| قازاق | (ئى) | 哈萨克族 |
| بەزى | (ئا) | 有的,有些,某些 |
| رۇس | (ئى) | 俄罗斯 |
| قىشلىق | (س) | 冬天的,冬季的 |
| تەتىل | (ئى) | 假期 |
| بول- | (پېئىل) | 当,成,做 |
| جىددىي | (س) | 紧急,紧张 |
| تەييارلىق قىل- | (پېئىلگە) | 准备 |
| پاراڭلاش- | (كىم بىلەن) | 谈话,交谈 |
| ئاخىرى | (ر) | 终于 |
| ئىمتىھان | (ئى) | 考试 |
| رومان | (ئى) | 长篇小说 |
| خۇيزۇ | (ئى) | 回族 |
| رادىئو | (ئى) | 广播 |
| مەشىق | (ئى) | 练习 |
| ئەھۋالغا قارىغاندا | (س ب) | 看情况,看来 |
| ئالدىراش | (س) | 急的,急忙的,忙的 |
| ئوخشا- | (پېئىل، پېئىلگە، كىمگە) | 像,相同;似乎,好象 |

| | | |
|---|---|---|
| 这样,这么;那样,那么;是的 | (ئا) | شۇنداق |
| 因为 | (ب) | چۈنكى |
| 学期的 | (س) | مەۋسۇملۇق |
| 接近,临近,靠近 | (نېمىگە، كىمگە) | يېقىنلاش- |
| 那么,那末 | (ب) | ئەمىسە |
| 平安 | (س ب) | ئاق يول |
| 祝愿,盼望 | (نېمىنى) | تىلە- |
| 再见 | (ئىم) | خەير - خوش |
| 谢谢,感谢 | (ئى) | رەھمەت |
| 渴;饮料 | (ئى) | ئۇسسۇزلۇق |
| 走,行 | (نەگە) | ماڭ- |
| 送,送行 | (كىمنى) | ئۇزات- |
| 画,绘 | (نېمىنى، نەگە) | سىز- |

[词语用法说明]

**ئەمىسە**

ئەمىسە 是连词,表示"那么""那样的话",一般用在句首或句末。例如:

① ئەمىسە، ئەتە كېلىڭ.

② ئەمىسە، بۇ ئىش شۇنداق بولسۇن.

③ مەن كېتەي ئەمىسە.

[语音常识]

一、辅音 ي 的增加

**ئۈزۈك تاۋۇش «ي» نىڭ كۆپىيىپ قېلىشى**

以元音结尾的个别名词、动词和人称附加成分或其它一些附加成分结合时,在附加成分前增加一个辅音 ي。

例如:

سۇ ⟵ سۇيى (سۇ + ي + ى) ۋ ⟵ ۋ

سۇيۇم (سۇ + ي + ۇم)

سويۈك (سۇ + ي + ۈك)

يۇ ←— يۇيۇش (يۇ — ي — ۇش)

دە ←— دېيىش (دە — ي — مش)

يە ←— يېيىش (يە + ي + مش)

ئەزا ←— ئەزايىڭىز (ئەزا + ي + ڭىز)

ئەزايى (ئەزا + ي + ى)

二、元音 ئى, ئۇ, ئۈ 的清化

سوزۇق تاۋۇش «ئۇ, ئۈ, ئى» نىڭ جاراڭسىزلىشىشى

次高元音«ئى, ئۇ, ئۈ»出现在清辅音前后或者两个清辅音之间时,这些元音要清化。发音时声带不振动。例如:

ئىككى　　ئۇستا　　ئۈچ　　ئىسسىق

ئۇسسۇزلۇق　　ئۇچۇن

［语法要点］

一、动词现在时直接陈述式(一)

پېئىللارنىڭ هازىرقى زامان ۋاستىسىز بايان رايى

动词现在时直接陈述式表示说话时正在进行的或持续进行的行为动作。

动词现在时直接陈述式的构成形式如下:

1. 肯定式:动词词干 + ۋات- // ىۋات- // ۇۋات- // ۈۋات- + 将来时直接陈述式人称附加成分构成。

ۋات - // ىۋات- // ۇۋات- // ۈۋات 的附加方法

| 附加位置 | 元音结尾之后 | 辅音结尾之后 | | | 实例 |
|---|---|---|---|---|---|
| | | 展唇音节 | 前元音圆唇音节 | 后元音圆唇音节 | |
| 附加成分 | ۋات | ىۋات | ۈۋات | ۇۋات | ئوينا + ۋات<br>تور + ۇۋات<br>سىز + ىۋات<br>كۆر + ۈۋات |

ئوينا + ۋات + ىمەن = ئويناۋاتىمەن

تۇر + ۇۋات + ىمەن = تۇرۇۋاتىمەن

سىز + ىۋات + ىمەن = سىزىۋاتىمەن

كۆر + ۈۋات + ىمەن = كۆرۈۋاتىمەن

ئوينا + ۋات + ىمىز = ئويناۋاتىمىز

تۇر + ۇۋات + ىسەن = تۇرۇۋاتىسەن

سىز + ىۋات + ىدۇ = سىزىۋاتىدۇ

كۆر + ۈۋات + ىسىلەر = كۆرۈۋاتىسىلەر

ئوينا + ۋات + ىسىز = ئويناۋاتىسىز

2. 否定式：有两种

1）动词词干 + ماي- // مەي- + ۋات + 将来时直接陈述式人称附加成分构成。例如：

ئوينا + ماي + ۋات + ىمەن = ئوينىمايۋاتىمەن

تۇر + ماي + ۋات + ىسەن = تۇرمايۋاتىسەن

سىز + ماي + ۋات + ىسىلەر = سىزمايۋاتىسىلەر

كۆر + مەي + ۋات + ىدۇ = كۆرمەيۋاتىدۇ

2）动词词干 + -ۋات // -ىۋات // -ۇۋات | -ۈۋات + ما + 动词将来时直接陈述式人称附加成分构成。例如：

ئوينا + ۋات + ما + يمەن = ئويناۋاتمايمەن

تۇر + ۇۋات + ما + يسىلەر = تۇرۇۋاتمايسىلەر

سىز + ىۋات + ما + يمىز = سىزىۋاتمايمىز

كۆر + ۈۋات + ما + يدۇ = كۆرۈۋاتمايدۇ

ئال + ىۋات + ما + يمەن = ئېلىۋاتمايمەن

3. 疑问式：

1）带有-ۋات // -ىۋات // -ۇۋات // -ۈۋات 附加成分的动词之后先附加-ام 再附加-دۇ 然后分别附加将来时直接陈述式第一人称单、复数附加成分构成现在时直接陈述式第一人称疑问形成。例如：

يېزىۋات + ام + دۇ + مىز = يېزىۋاتامدىمىز

يېزىۋات + ام + دۇ + مەن = يېزىۋاتامدىمەن

يازمايۋات + ام + دۇ + مەن = يازمايۋاتامدىمەن

كۆرۈۋات + ام + دۇ + مىز = كۆرۈۋاتامدىمىز

كۆرمەيۋات + ام + دۇ + مەن = كۆرمەيۋاتامدىمەن

ئويناۋات + ام + دۇ + مەن = ئويناۋاتامدىمەن

ئوينىمايۋات + ام + دۇ + مىز = ئوينىمايۋاتامدىمىز

2)现在时直接陈述式形式的动词之后直接附加语气词مۇ来构成现在时直接陈述式第一人称疑问形式。例如：

يېزىۋاتىمەن + مۇ　　يېزىۋاتمايمەن + مۇ

ئوقۇۋاتىمەن + مۇ　　ئوقۇۋاتمايمەن + مۇ

كۆرۈۋاتىمىز + مۇ　　كۆرمەيۋاتىمىز + مۇ

3)带有-ۋات // -ىۋات // -ۇۋات // -ۈۋات-附加成分的动词之后先附加-ام // -م-然后附加将来时直接陈述式第二、第三人称单、复数附加成分构成现在时直接陈述式第二、第三人称疑问形式。例如：

ئوقۇۋات + ام + سەن = ئوقۇۋاتامسەن

سىز = ئوقۇۋاتامسىز

سىلەر = ئوقۇۋاتامسىلەر

دۇ = ئوقۇۋاتامدۇ

ئوقۇۋاتما + م + سەن = ئوقۇۋاتمامسەن

سىز = ئوقۇۋاتمامسىز

سىلەر = ئوقۇۋاتمامسىلەر

دۇ = ئوقۇۋاتمامدۇ

注：动词现在时直接陈述式的否定疑问式一般表示反问。

كۆرۈۋات + ام + سەن = كۆرۈۋاتامسەن

دۇ = كۆرۈۋاتامدۇ

注：以 ئا 或 ئە 结尾的动词结合将来时直接陈述式附加成分时 ئا，ئە 不弱化。例如：

ئىشلە + ۋاتىمەن = ئىشلەۋاتىمەن

ده + ۋاتىدۇ = دەۋاتىدۇ
تازىلا + ۋاتىسەن = تازىلاۋاتىسەن.

## 二、主语的省略　　ئىگىنىڭ چۈشۈپ قېلىشى

维吾尔语动词的人称、数、时一般是三位一体，三者结合成一种变化形式表现出来，当动词在句子中作谓语发生人称变化时，自身就表明了主语的人称。因此动词作谓语时，句子的主语，尤其是人称代词主语（如مەن，سىز，سىلەر）往往可以省略。这种现象在说话者和听话者都在场对话时更普遍。如：

（سىز） نەدە ئوقۇيسىز؟
（مەن） شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇيمەن.
（سىز） نەگە ماڭدىڭىز؟
（مەن） بازارغا ماڭدىم.
（مەن） تۈنۈگۈن ئۆيگە خەت سالدىم.

## كۆنۈكمە

1. 熟记本课单词。
2. 将每一个单词抄写一行。
3. 写出下列动词现在时直接陈述式的各种变化形式。示例：

ئىشلە ——→ ئىشلەۋاتىمەن　　ئىشلەۋاتىمىز
ئىشلەۋاتىسەن　　ئىشلەۋاتىسىلەر
ئىشلەۋاتىدۇ

① كۆر-　　⑥ تەرجىمە قىل-
② ئاڭلا-　　⑦ ياز-
③ كىر يۇ-　　⑧ تەكرارلا-
④ يە-　　⑨ دەم ئال-
⑤ ئۇخلا-　　⑩ كەل-

4. 写出下列动词现在时直接陈述式的否定式和疑问式。

① يېقىنلاۋاتىدۇ　　⑥ تىلەۋاتىمەن

② يېزىۋاتىمەن
③ بېرىۋاتىسەن
④ كېلىۋاتىدۇ
⑤ سىزىۋاتىمەن
⑦ تەييارلىق قىلىۋاتىمىز
⑧ دەم ئېلىۋاتىدۇ
⑨ ئويناۋاتىسىلەر
⑩ يىغلاۋاتىسىز

5. 把下列肯定句变成疑问句并作否定或肯定的回答。示例:

كىتاب كۆرۈۋاتىمەن ←——

كىتاب كۆرۈۋاتامسىز؟

ھەئە، كىتاب كۆرۈۋاتىمەن.

ياق، تېكىست يادلاۋاتىمەن.

ياق، كىتاب كۆرمەيۋاتىمەن.

① مەن ئۆيگە خەت يېزىۋاتىمەن.
② مەن سىنىپقا كېتىۋاتىمەن.
③ ئۇ گېزىت ئوقۇۋاتىدۇ.
④ بىز 16 ـ دەرسنى تەكرارلاۋاتىمىز.
⑤ مۇئەللىم بىزگە دەرس ئۆتۈۋاتىدۇ.

6. 用名词的格附加成分和现在时直接陈述式附加成分填空。

① مەن ياتاق____ كەت______.
② مەن تاماق____ يە______.
③ قەيسەر كىر____ يۇ______.
④ بىز 1 ـ يول ئاپتوبۇس____ ساقلا______.
⑤ ئۇلار سىنىپ____ تازىلا______.
⑥ ئۇ دوسكا____ سۈرت______.

7. 将下列句子译成汉文。

① ئۇلار نەگە كېتىۋاتىدۇ؟
② ئۇلار كىنوغا كېتىۋاتىدۇ.
③ سىز نەدىن كېلىۋاتىسىز؟
④ مەن بازاردىن كېلىۋاتىمەن.
⑤ سىز نېمە ئىش قىلىۋاتىسىز؟

⑥ مەن تېكىستنى تەرجىمە قىلىۋاتىمەن.

8. 选词填空并将句子译成汉文。

(مۇئەللىم، ئوقۇغۇچى، سىلەر، بىز، مەن، ئۇ)

① ______ نېمە قىلىۋاتىسىلەر؟

② ______ دەرس تەكرارلاۋاتىمىز.

③ ______ يېڭى سۆزلەرنى سۆزلەۋاتىدۇ.

④ ______ دىققەت بىلەن ئاڭلاۋاتىدۇ.

⑤ ______ تېكىستنى ئوقۇۋاتىمەن، ______ مۇ تېكىستنى ئوقۇۋاتىدۇ.

9. 用下列动词的现在时直接陈述式各造一个句子。

① تەييارلىق قىل- ② پاراڭلاش- ③ ئۆگەن- ④ تازىلىق قىل- ⑤ كىر يۇ-

10. 回答问题。

① سىز نېمە ئىش قىلىۋاتىسىز؟

② سىز نەدە ئوقۇۋاتىسىز؟

③ تاماقنى قايسى ئاشخانىدا يەۋاتىسىز؟

④ ئالىمجان نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ؟

⑤ سىلەر قاچان ماڭىسىلەر؟

11. 句型练习。

① مەن تاماق | يېدىم. / يەۋاتىمەن. / يەيمەن. / يەي.

② سىز خەت | يېزىۋاتىسىز. / يازدىڭىز. / يازىسىز. / يېزىڭ.

③ ئۇ تېكىستنى
- تەرجىمە قىلسۇن.
- تەرجىمە قىلدى.
- تەرجىمە قىلىۋاتىدۇ.
- تەرجىمە قىلىدۇ.

④ بىز ياتاقتا
- بارايلى.
- بارىمىزمۇ؟
- باردۇق.
- بارىمىز.
- بېرىۋاتىمىز.

⑤ سىلەر سائەت بەشتە
- ماڭامسىلەر.
- مېڭىڭلار.
- ماڭىسىلەر.
- ماڭدىڭلار.
- مېڭىۋاتىسىلەر.

⑥ ئۇلار كىنودىن
- كەلمىدى.
- كەلمەيۋاتىدۇ.
- كەلمىسۇن.
- كەلمەيدۇ.

# ئون يەتتىنچى دەرس

> بۈگۈنكى ئىشنى ئەتىگە قويما.
>
> 今日的事莫搁到明天。

## نۇقتىلىق جۈملىلەر 重点句子

① بىز ھەر كۈنى ئەتىگەنلىكى چېنىقايلى.
② ھېلىقى بالىمۇ بىز بىلەن بىللە چېنىقسۇن.
③ مەن مەيداننىڭ ئاۋۇ تەرىپىدە سىلەرنى ساقلايمەن.
④ بىز ئاۋۋال بىللە يۈگۈرىمىز، ئاندىن گىمناستىكا ئوينايمىز.
⑤ چۈنكى بۇ بىزنىڭ سالامەتلىكىمىز ئۈچۈن پايدىلىق.
⑥ قانداق، سەن ئەتە چىقامسەن؟

## تېكىست

### بىز ھەر كۈنى چېنىقايلى

ئادىل، بىز ھەر كۈنى ئەتىگەنلىكى چېنىقايلى. ھېلىقى بالىمۇ بىز بىلەن بىللە چېنىقسۇن. سەن ئەتە ئەتىگەندە ئۇنىڭ بىلەن مەيدانغا چىق. مەن مەيداننىڭ ئاۋۇ تەرىپىدە سىلەرنى

كۈتمەن. بىز ئاۋۋال يۈگۈرىمىز، ئاندىن گىمناستىكا ئوينايمىز. گىمناستىكىدىن كېيىن تاماققا بارىمىز. بىز ھەر كۈنى شۇنداق قىلايلى. چۈنكى بۇ بىزنىڭ سالامەتلىكىمىز ئۈچۈن پايدىلىق. قانداق، سەن ئەتە چىقامسەن؟

## سۆھبەت

ئا: سىلەر ھەر كۈنى چېنىقامسىلەر؟
ئە: شۇنداق، بىز ھەر كۈنى چېنىقىمىز.
ئا: كۈندە قانچىلىك چېنىقىسىلەر؟
ئە: كۈندە يېرىم سائەت چېنىقىمىز.
ئا: ھەر كۈنى قانچىلىك ئادەم مەيدانغا چىقىدۇ؟
ئە: تۆت - بەش يۈز ئادەم چىقىدۇ.
ئا: بۇنچىۋالا كۆپ ئادەم مەيدانغا پاتامدۇ؟
ئە: ئەلۋەتتە پاتىدۇ. بۇ مەيدانغا مىڭ ئادەممۇ پاتىدۇ.
ئا: ئەتە مەنمۇ چىقاي، بىللە چېنىقايلى.
ئە: بولىدۇ.

## سۆزلۈك

| | | |
|---|---|---|
| چېنىق- | (نېمىدە، نەدە) | 锻炼,锤炼,磨炼 |
| ئەتىگەنلىك | (س) | 早晨的,早上的 |
| ھېلىقى | (ئا) | 那个 |
| شۇنچە | (ئا) | 那么,这么 |
| مەيدان | (ئى) | 场,场地,场子;立场 |
| تەرەپ | (ئى) | 方面,方,一方;边;面 |
| كۈت- | (نېمىنى، كىمنى) | 等,等候,等待;招待,接待 |
| ئاۋۋال | (ر) | 前,先;早先,原先,以前 |
| يۈگۈر- | (نەگە، نەدە) | 跑,奔跑 |
| گىمناستىكا | (ئى) | 体操 |

| | | |
|---|---|---|
| 健康,健康状况 | (ئى) | سالامەتلىك |
| 为了 | (تىر) | ئۈچۈن |
| 有益的,有好处的,有利的 | (س) | پايدىلىق |
| 这么,这么些 | (ئا) | بۇنچىۋالا |
| 盛下,装下,容纳下 | (نەگە) | پاتـ |
| 这儿,这里 | (ئا) | ماۋۇ يەر |
| 就是这个 | (ئا) | مۇشۇ |
| 这个,(在)这里,这就是,你看 | (ئا) | مانا |
| 那,那个 | (ئا) | ئاشۇ |
| 这样,这样的,这种 | (ئا) | بۇنداق |
| 路 | (ئى) | يول |
| 山 | (ئى) | تاغ |
| 力气大的,有力的,有劲的;强大的 | (س) | كۈچلۈك |
| 回答 | (نېمىگە، كىمگە) | جاۋاب بەر- |
| 晚上,晚间,傍晚;昨晚 | (ئى) | ئاخشام |

〔语音常识〕

**一、辅音 ن 的同化**

## ئۈزۈك تاۋۇش «ن» نىڭ ئاسسىمىلياتسىيىلىشىشى

ن 和双唇辅音 ب,م 连读时,口语中 ن 被同化为 م。例如:

| 读法 | 写法 |
|---|---|
| دۈشەمبە | دۈشەنبە |
| سەيشەمبە | سەيشەنبە |
| شەمبە | شەنبە |
| ئومبىر | ئون بىر |
| مەممۇ | مەن + مۇ |
| سەممۇ | سەن + مۇ |

**二、序数词中ئى的脱落**

## دەرىجە ساندىكى «ئى» نىڭ چۈشۈپ قېلىشى

当读每一个月的名称时,为了说话顺口,序数词后面的ئى音要省略,但写法不变。例如:

| 读法 | 写法 |
|---|---|
| بىرىنچاي | بىرىنچى ئاي |
| ئىككىنچاي | ئىككىنچى ئاي |
| ئونىنچاي | ئونىنچى ئاي |
| ئونىككىنچاي | ئون ئىككىنچى ئاي |

[语法要点]

**代词** **ئالماش**

代替名词、形容词、数词、词组或句子的词叫代词。

代词没有自己独立的语法范畴，它们只具有自己所代替的词所具有的语法范畴。维吾尔语代词根据作用可以分为：人称代词、指示代词、反身代词、疑问代词、确定代词、不定代词、否定代词。

1. 人称代词 كىشىلىك ئالماشلىرى

مەن، بىز، سەن، سىز، سىلەر، ئۇ، ئۇلار

人称代词有第一、第二、第三人称之分，大部分人称代词有单数和复数的区别。人称代词可按格的语法范畴变化，但«ئۇ، سەن، مەن»结合格附加成分时，语音上要发生变化。（请看下表）

**人称代词的变格形式**

| 人称 / 数 / 代词 格 | 第一人称 | | 第二人称 | | | 第三人称 | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | 单数 مەن | 复数 بىز | 单数 普称 سەن | 单数 尊称 سىز | 复数 سىلەر | 单数 ئۇ | 复数 ئۇلار |
| 主格 | مەن | بىز | سەن | سىز | سىلەر | ئۇ | ئۇلار |
| 领属格 | مېنىڭ | بىزنىڭ | سېنىڭ | سىزنىڭ | سىلەرنىڭ | ئۇنىڭ | ئۇلارنىڭ |
| 向格 | ماڭا | بىزگە | ساڭا | سىزگە | سىلەرگە | ئۇنىڭغا | ئۇلارغا |
| 宾格 | مېنى | بىزنى | سېنى | سىزنى | سىلەرنى | ئۇنى | ئۇلارنى |
| 从格 | مەندىن<br>مېنىڭدىن | بىزدىن | سەندىن<br>سېنىڭدىن | سىزدىن | سىلەردىن | ئۇنىڭدىن | ئۇلاردىن |
| 时位格 | مەندە<br>مېنىڭدە | بىزدە | سېنىڭدە | سىزدە | سىلەردە | ئۇنىڭدا | ئۇلاردا |

2. 指示代词 كۆرسىتىش ئالماش

1)指近： مۇشۇ، بۇ، شۇ، مانا، بۇ، ماۋۇ (ما)

2)指远： ئاشۇ، ئۇ، ئاۋۇ (ئا)، ھېلىقى

3)指性质： بۇنداق، شۇنداق

4)指数量、程度： شۇنچە، بۇنچىۋالا

5)指地点： مۇشۇ، مۇشۇ يەر (مەشە)، ئاۋۇ يەر (ئايە)، ماۋۇ يەر (مەيە)

注一、مۇشۇ ,ماۋۇ ,ئاۋۇ ,ئاشۇ ,شۇ ,بۇ ,ئۇ 等代词与名词的时位格、向格和从格发生变化时，先在其后加属格附加成分«نىڭ»然后再加其它格附加成分。（请看下表）

| 代词<br>格 | ماۋۇ | ئاۋۇ | مۇشۇ | ئاشۇ | شۇ | بۇ | ئۇ |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 主格 | ماۋۇ | ئاۋۇ | مۇشۇ | ئاشۇ | شۇ | بۇ | ئۇ |
| 领属格 | ماۋۇنىڭ | ئاۋۇنىڭ | مۇشۇنىڭ | ئاشۇنىڭ | شۇنىڭ | بۇنىڭ | ئۇنىڭ |
| 宾格 | ماۋۇنى | ئاۋۇنى | مۇشۇنى | ئاشۇنى | شۇنى | بۇنى | ئۇنى |
| 向格 | ماۋۇنىڭغا | ئاۋۇنىڭغا | مۇشۇنىڭغا | ئاشۇنىڭغا | شۇنىڭغا | بۇنىڭغا | ئۇنىڭغا |
| 从格 | ماۋۇنىڭدىن | ئاۋۇنىڭدىن | مۇشۇنىڭدىن | ئاشۇنىڭدىن | شۇنىڭدىن | بۇنىڭدىن | ئۇنىڭدىن |
| 时位格 | ماۋۇنىڭدا | ئاۋۇنىڭدا | مۇشۇنىڭدا | ئاشۇنىڭدا | شۇنىڭدا | بۇنىڭدا | ئۇنىڭدا |

注二、指示代词可以发生数和格的变化，但没有第一、第二、第三人称之分。

注三、ئاۋۇ 和 ماۋۇ 口语中常读作为 ئا 和 ما。例如：

ئاۋۇ ئادەم ——→ ئا ئادەم

ماۋۇنىڭدىن ئېلىڭ ——→ مانىڭدىن ئېلىڭ.

ماۋۇ كىتاب ياخشى ——→ ما كىتاب ياخشى.

ئاۋۇ يەرگە بېرىڭ ——→ ئا يەگە بېرىڭ.

3. 疑问代词 سوراق ئالماش

1)问人： كىم

2)问事、物： نېمە

3)问时间： قاچان

4)问处所、方位的：　　قەيەر، نە، قېنى
5)问数量：　　قانچە، نەچچە، قانچىلىك، نەچچىلىك
6)问排列顺序：　　قانچىنچى، نەچچىنچى
7)问性质、特征：　　قانداق
8)问区别：　　قايسى
9)问原因、依据或程度：　　نېمىشقا
قانداقسىگە، نېمانچە

注四、① نە 后附加人称附加成分时，词末要增加辅音 ر。② نە 中的 ئە 音不弱化。例如：

نەرىم، نەرىڭىز، نەرىڭ، نەرىڭلار، نەرى.

疑问代词可以发生数、格、人称的变化，但 نېمانچە ,نېمىشقا ,قانداقسىگە قېنى 等代词不发生任何变化。قاچان 不发生人称变化

## كۆنۈكمە

1. 熟记本课单词。
2. 将每一个单词抄写一行。
3. 把下列句子变成疑问句，并掌握句型。

① مەن ئالىم.
② بۇ يېڭى گېزىت.
③ مەن ئوقۇغۇچى.
④ مېنىڭ ئىسمىم گۈلنۇر.
⑤ مەن ئاقسۇلۇق.
⑥ سىز يىگىرمە ياش.
⑦ ئۇ مېنىڭ دوستۇم.
⑧ مەن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى.
⑨ بىزنىڭ مەكتەپ ئۈرۈمچىنىڭ جەنۇبىدا.
⑩ سىلەرنىڭ ياتاق 4 - بىنادا.
⑪ بىزنىڭ سىنىپتا 24 ئوقۇغۇچى بار.
⑫ مەن جۇڭگو تىللىرى فاكۇلتېتىدا.
⑬ بىر يىل ئون ئىككى ئاي.

⑭ بۈگۈن كۈنگە پەيشەنبە.
⑮ بۈگۈن ھەپتىگە بىر.
⑯ مەن 94 ـ يىللىق 1 ـ سىنىپتا.
⑰ يېڭى دەرسنى باشلايلى.
⑱ مۇئەللىم! مېنىڭ سوئالىم بار.
⑲ بۈگۈن مەن دىجورنى.
⑳ ھازىر سائەت بەش بولدى.
㉑ سائەت بەشتىن ئون مىنۇت ئۆتتى.
㉒ سائەت بەشكە ئون مىنۇت قالدى.
㉓ بىز سائەت ئالتىدە ئورنىمىزدىن تۇردۇق.
㉔ ئالىم يەكشەنبە كۈنى بازارغا باردى.
㉕ مەن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇيمەن.
㉖ ئۇلار چۈشتىن كېيىن تازىلىق قىلىدۇ.
㉗ بىز ئۇيغۇر تىلى ئۆگىنىۋاتىمىز.
㉘ مەن ئاۋۋال تېكىستنى ئوقۇيمەن، ئاندىن تەرجىمە قىلىمەن.
㉙ بەزىلەر يەنە رۇس تىلىمۇ ئۆگىنىۋاتىدۇ.
㉚ مەن دوستۇمنىڭ ئۆيىدە تاماق يېدىم.

4. 把下列句子用三个人称单、复数进行变化。示列:

| | | | |
|---|---|---|---|
| مەن | شىنجاڭ | ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ | ئوقۇغۇچىسى. |
| بىز | 〃 | 〃 | ئوقۇغۇچىلىرى. |
| سەن | 〃 | 〃 | ئوقۇغۇچىسى. |
| سىز | 〃 | 〃 | ئوقۇغۇچىسى. |
| سىلەر | 〃 | 〃 | ئوقۇغۇچىلىرى. |
| ئۇ | 〃 | 〃 | ئوقۇغۇچىسى. |
| ئۇلار | 〃 | 〃 | ئوقۇغۇچىلىرى. |

① بىزنىڭ ئۆي 10 ـ بىنادا.

② مەن 94 ـ يىللىق 1 ـ سىنىپتا.

③ بىز كىنو كۆرەيلى.

④ ئۇلار سىنىپنى تازىلىسۇنمۇ؟

⑤ ئۇ كىتابخانىغا باردى.

⑥ كەچتە سىنىپقا چىقتىڭىزمۇ؟

⑦ مەن بۈگۈن چۈشتە تاماق يېمىدىم.

⑧ ئۇلار چۈشتە لەغمەن يەيدۇ.

⑨ مەن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئىشلەيمەن.

⑩ سىز قايسى فاكۇلتېتتا ئوقۇيسىز؟

⑪ ئۇلار هازىر تاماق يەۋاتىدۇ.

⑫ سەن گېزىت كۆرۈۋاتامسەن؟

5. 用适当的附加成分填空。

① سىلەر ____ مەكتەپ قەيەردە؟

② بىزنىڭ سىنىپ ____ 30 ئوقۇغۇچى بار.

③ بۇ قەلەم مەن ____ .

④ بۇ كىمنىڭ گېزىت ____ .

⑤ بۇ مېنىڭ لۇغەت ____ ئەمەس.

⑥ ئۇلارمۇ سىلەر ____ دوستلىرىڭلارمۇ؟

⑦ بىز سائەت يەتتە ____ ئەتىگەنلىك تاماق يەيم

⑧ سىز بۇ جۈملە ____ ئوقۇڭ.

⑨ مەن ماگىزىن ____ بىر لۆڭگە ئالدىم.

⑩ ئۇلار ئەتە ئاقسۇ ____ ماڭىدۇ.

⑪ مەن دەرس تەكرارلا ____ .

⑫ ئۇلار كىنوغا بار ____ .

⑬ مەن ئۇيغۇر تىلىنى ياخشى ئۆگەن ______ .
⑭ مەن تۈنۈگۈن ئاخشام سائەت ئوندا ئۇخلا ______ .
⑮ سىلەر ئەته بازارغا چىق ______ ؟
⑯ مەن تۈنۈگۈن كىنو كۆرمە ______ .
⑰ مەن هازىر گېزىت ئوقۇ ______ .
⑱ مەن ئەته سائەت بەشتە ئاقسۇغا ماڭ ______ .

6. 用适当的词填空。

① مۇئەللىم تېكىستنى ______ تەرجىمە قىلاي.
② سىلەر سائەت نەچچىدە چۈشلۈك ______ يەيسىلەر.
③ بۇ يېڭى گېزىت ئەمەس، ______ گېزىت.
④ هازىر سائەت ______ بولدى؟
⑤ بىزنىڭ سىنىپتا 18 ______ بار.
⑥ بۈگۈن دۈشەنبە ______ ، سەيشەنبە.
⑦ سىز ______ سىنىپتا؟
⑧ ساۋاقداشلار خەتنى ______ يېزىڭلار.
⑨ لى خۇڭ سىز دوسكىغا ______ .
⑩ بىز سائەت ______ ئورنىمىزدىن تۇردۇق.
⑪ مەن كىتابخانىدىن ______ ئالدىم.
⑫ تاماقنى 3 ـ ئاشخانىدا ______ .
⑬ مەن ئەته كىر ______ .
⑭ ئۇلار چۈشتىن ______ تازىلىق قىلىدۇ.
⑮ بىزنىڭ سىنىپتا ئۇيغۇر، خەنزۇ، خۇيزۇ ______
مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى بار.

7. 将下列句子译成维文。

①你没有《维汉词典》吗？

②我在中语系，他在外语系。

③这是谁的书？

④今天下午我们没有课。

⑤他们是我的朋友，他们是医生。

⑥明天下午你们干什么？

⑦我经常讲维吾尔语。

⑧老师很关心我们。

⑨我到图书馆去，你也去图书馆吗？

⑩她在医院工作。

8. 拼读下列词并注意实际发音。

چارشەنبە، يەكشەنبە، مەنمۇ، سەنمۇ

كىتاب، كىتابلار، مەكتەپ، مەكتىپىم

كىتابىم، ئىككى، ئۈچ، ئىسسىق

ئۈچ كۈن، كەچتە، قاچتى، كۈچلۈك

ياتاق، ياتىقى، چېلەك، چېلىكىڭ

سىنىپ، سىنىپى، مەكتەپ، مەكتىپىم

9. 造句。

① ئوينا- ② تاماق ③ جاۋاب بەر- ④ ئاۋۋال ⑤ ئۈچۈن
⑥ سالامەتلىك ⑦ بۇنداق ⑧ مانا

10. 回答问题。

① سىلەر ھەر كۈنى چېنىقامسىلەر؟

② سىز كىم بىلەن بىللە چېنىقىسىز؟

③ ئۇ سىزنى نەدە كۈتىدۇ؟

④ سىلەر ئاۋۋال نېمە ئىش قىلىسىلەر؟ ئاندىنچۇ؟

11. 句型练习。

| | | |
|---|---|---|
| ① | بىز ھەر كۈنى | چېنىقايلى. |
| | | ئۇيغۇرچە سۆزلەيلى. |
| | | بىللە ئوينايلى. |
| | | كىنو كۆرەيلى. |

| | | |
|---|---|---|
| ② | ھېلىقى | بالىمۇ بارسۇن. |
| | | كىتابىنىمۇ ئالايلى. |
| | | ئادەمنىمۇ چاقىرىڭ. |
| | | ئاشخانىغا بارايلى. |

| | | | |
|---|---|---|---|
| ③ | مەن | ئاۋۇ | يەردە سىلەرنى ساقلايمەن. |
| | بىز | | ئاشخانىدا تاماق يەيلى. |
| | سىز | | يەردە گىمناستىكا ئويناڭ. |
| | ئۇلار | | يەرگە كەتتى. |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| ④ | بىز | ئاۋۋال | چېنىقىمىز، | ئاندىن | تاماق يەيمىز. |
| | مەن | | سۆزنى ئۆگىنىمەن، | | تېكىستنى يادلايمەن. |
| | ئۇ | | ئاقسۇغا بارسۇن، | | قەشقەرگە بارسۇن. |
| | مەن | | كىر يۇدۇم، | | بازارغا چىقتىم. |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| ⑤ | چۈنكى بۇ | بىز | ئۈچۈن | پايدىلىق. |
| | | بىز | | ياخشى ئىش. |
| | | سالامەتلىكىمىز | | پايدىلىق. |

| | | |
|---|---|---|
| ⑥ | قانداق، | سەنمۇ بارامسەن؟ |
| | | سەنمۇ كۆرەمسەن؟ |
| | | مېنىڭ گېپىم توغرىمۇ؟ |
| | | ئادىلمۇ چىقسۇنمۇ؟ |

# ئون سەككىزىنچى دەرس

| |
|---|
| چۈجىنى كۈزدە سانا. |
| 鸡雏要在秋天数。 |

نۇقتىلىق جۈملىلەر 重点句子

① مەن رەسىم سىزىشقا قىزىقىمەن.
② ئۇ ساياھەت قىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ.
③ مەن ئۇسسۇل ئويناليالمايمەن.
④ ئالدى بىلەن تاماق يەيمىز، ئاندىن تانسا ئوينايمىز.
⑤ بەزىلەر يۇمۇر ئېيتىدۇ، بەزىلەر ناخشا ئېيتىدۇ.

## تېكىست

### مەن رەسىم سىزىشقا قىزىقىمەن

مەن رەسىم سىزىشقا قىزىقىمەن، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىشكە ھەم تەنتەربىيىگە ئالاھىدە قىزىقىمەن، پۇتبول ئويناشقىمۇ ئامراق. ئۇ ساياھەت قىلىشنى بەك ياخشى كۆرىدۇ. مېنىڭ دوستۇم ئۇيغۇر ئۇسسۇلىنى بەك ياخشى ئوينايدۇ. مەن ئۇنىڭغا بەك ھەۋەس قىلىمەن، ئەمما ئۆزۈم پەقەت